يايها الذين امنوا استجيبوا لله للرسول

-«ئى مۆئمىنلەر! اللەنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار!»

*AL - WAIE*

# الوعي - ئاڭ

171 - سان

«ولتكن منكم امة يدعون الي الخير ويامرون بالمعرف

وينهون عن المنكر واولك هم المفلحون» *

ئاراڭلاردا ياخشىلىققا( ئىسلامغا) دەۋەت قىلىدىغان، مەئرۇپ ئىشلارغا بۇيرۇپ، مۇنكەر ئىشلاردىن

توسىدىغان بىر جامائە بولسۇن، ئەنە شۇلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر. ( 104 : 3)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

ئەقلىي مۇلۇكچىلىك كاپىتالىزىم ۋە مۇستەملىكىچىلىكنىڭ قوراللىرىدىن بىرى ..... 10

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى ھاكىملارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى يوقىتىشىنىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلمىدىمۇ؟ ..... 15

«مەن پەردە خەلىپە قىلماقچىمەن» ..... 16

سۇلتان مۇھەممەد فاتىھنىڭ ئوغلى يەزىدگە قىلغان ۋەسىيىتى ..... 18

دۇنيا مۇسۇلمانلار خەۋەرلىرى ..... 19

ئىقتىسادىي كىرىزىسلەر، ئۇلارنىڭ ۋاقىتلىقلىقى ۋە ئىسلام نۇقتىئىنەزىرىدە تۇرۇپ ئۇلارنى مۇئالىجە قىلىش (2) ..... 23

ئىستىراتېگىيىلىك تالاش ..... 30

ئوسمانىي دۆلەتنى يوق قىلىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن يۈز قېتىملىق سىلىپچىلىق پىلانى ..... 34

# ئەقلى مۈلۈكچىلىك كاپىتالىزىم ۋە مۇستەملىكچىلىكنىڭ قۇراللىرىدىن بىرى

(ھىزبۇتتەھرىر يىگىتلىرىدىن بىرىنىڭ بىر گورۇھ مۇتەپەككۇرلەر ئالدىدا قىلغان سۆزىنىڭ تېكىستى)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

**«ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن (ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ» (28:77)**

**مۇقەددىمە:**

ئاللاھقا ھەمدۇ سانالار بولسۇن! سەيدىمىز مۇھەممەد (س ئە ۋ) گە ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا، ساھابىلىرىگە، ھەمدە قىيامەت كۈنىگىچە ئۇ كىشى كۆرسەتكەن ھىدايەت يولىدىن ماڭغان، سۈننىتىنى مەھكەم تۇتقان ۋە تەرقىتىگە ئەگەشكەن كىشىلەرگە دۇرۇد ۋە سالاملار بولسۇن! (ئامىن)

كاپىتالىزىم كاپىتاللارنى كاپىتالىستىك شىركەتلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى بىر ئۇچۇم مۈلۈكدارلارنىڭ قولىغا توپلاپ مەۋجۇت ئىقتىسادنى مونوپول قىلىۋېلىشىغا زور كۈچ چىقاردى. بۇ خىزمەتلەرنى بىر قانچە ئاپرات - سىستىمىلاردىن پايدىلىنىپ بېجىردى. بۇ سىستېمىلار دۆلەت ئاپپاراتلىرىنى ۋە چۈشەنچىلەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، بۇ سىستېمىلار جۈملىسىگە تۆۋەندىكىلەر كىرىدۇ.

① دۆلەت ئاپپاراتلىرى ۋە قانۇن چىقىرىش مېخانىزىمى.
② باھا بەلگىلەش مېخانىزىمى.
③ پايدا، بانكا مۇئامىللىرى ۋە سۇغۇرتا سىستېمىسى.
④ يەرشارىلاشتۇرۇش ۋە خۇسۇسىيلاشتۇرۇش (كۆپ قوتۇپلىشىش).
⑤ ئەقلى مۈلۈكچىلىك.

كاپىتالىزىم بۇ مېخانىزىملارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ھەقىقى سەۋەبلىرىنى يوشۇرۇپ، بۇ مېخانىزىملەرنى ئادەملەرگە ياخشى قىلىپ كۆرسۈتۈش ۋە ئۇلاردىن كۆزلەنگەن ھەقىقى مەقسەتلەرنى يوشۇرۇش مەقسىتىدە ئۇلارنى تۈرلۈك يالغان شوئارلار ۋە غايىلەر بىلەن سۈپەتلەپ، ئۇلارنى چىرايلىق قىلىپ كۆرسۈتۈشكە ئۇرۇندى. شۇنىڭ ئۈچۈن غەربىي جەمئىيەتكە نەزەر تاشلىغان ئادەم بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ ئاشۇ ئۇرۇنۇشلىرىنى ئاڭلىق رەۋىشتە چۈشىنىدۇ ۋە جەمئىيەتنىڭ تۆۋەندىكى بۆلەكلەرگە بولۇنۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ.

① ئادەملەرنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى مانا شۇ توزاقلارغا چۈشكەن كىشىلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ.

② ئۆز مەنپەئەتلىرىنى كۆزلىگۈچى كاپىتالىستلار ھەقىقى ئۈندىگۈچى سەۋەبلەرنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇلاردىن پايدىلىنىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇنۇش ئۇلارنىڭ ئۆز - ئارا خەت ئالاقىلىرىدا ۋە خۇسۇسى ئولتۇرۇشلىرىدا كۆزگە يارقىن تاشلىنىدۇ.

③ بەزى مۇتەپەككۇرلەر ۋاقىلىكنى ياخشى بىلىدۇ. لېكىن تۆۋەندىكى بىر قانچە مەسىلە سەۋەبلىك بۇ ۋاقىلىكنى ئۆزگەرتىش ئۇلارغا مۇمكىن بولمايدۇ. ئۇلار:

A كۆپلىگەن ھەقىقەت چۈشەنچىسىنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتمىغانلىقى.

B ساقتىلىقنى يوقۇتۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگەللەيدىغان ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلالماسلىق.

C يىرتىقنى ياماپ تۈزىتىش ۋە ئاستا - ئاستا راۋاجلىنىش چۈشەنچىسىدىن ئىبارەت.

بۇلارنى ئېيتىشتىكى مەقسەت ئەقلى مۈلۈكچىلىك ھەققىدە، ۋە ئۇنىڭ قانداق قىلىپ كاپىتالىزىم ۋە مۇستەملىكچىلىكنى مۇستەھكەملەش قۇراللىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالغانلىقى ھەققىدە بەھس قىلىشتۇر.

